# لى كېچياڭ گوۋۇيۈەننىڭ دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى

## «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»تىكى نۇقتىلىق ۋەزىپە تەقسىماتى بېكىتىلدى؛ سىياسەت ۋە خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش تەلەپ قىلىندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى** گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»تىكى نۇقتىلىق ۋەزىپە تەقسىماتى بېكىتىلدى، سىياسەت ۋە خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش تەلەپ قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئەمدىلا يېپىلغان 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىندا قاراپ چىقىپ ماقۇللانغان «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»تا پۈتۈن يىللىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى نىشان - ۋەزىپىلەر ۋە خىزمەت مۇھىم نۇقتىسى بېكىتىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلدى، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەقىل - پاراستى مۇجەسسەملەندى، بۇ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋەزىپىنامىسى، ھەربىي بۇيرۇقنى ئورۇنداش ۋەدىنامىسى بولۇپ، جەزمەن كەم - كۈتىسىز دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، دېگەننى جەزمەن قەتئىي ئورۇنداش كېرەك. يىغىندا «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»تا ئوتتۇرىغا قويۇلغان 45 جەھەتتىكى 51 تۈرلۈك نۇقتىلىق ۋەزىپە گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا بىر - بىرلەپ بۆلۈپ بېرىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بىرىنچى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ۋە بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشتىن ئىبارەت كۆلەملىك سىياسەتنى يولغا قويۇشنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەپ، ئاجرىتىشقا تېگىشلىك پۇلنى ئىمكانقەدەر تېز ئاجرىتىش، تارقىتىشقا تېگىشلىك زايومنى تارقىتىشنى تېزلىتىش، چىقىرىشقا تېگىشلىك ياندۇش تەدبىرلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئوتتۇرىغا چىقىرىش كېرەك. مەبلەغنى ئاساسىي قاتلامغا بىۋاسىتە يەتكۈزىدىغان، ئۈنۈملۈك ئىشلىتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدىغان ئالاھىدە مېخانىزمنى بەرپا قىلىش، مالىيە، ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى ئالاھىدە ھېسابات نومۇرى تەسىس قىلىش، مەبلەغنى ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار، يەككە سودا - سانائەتچىلەر قاتارلىق بازار سۇبيېكتلىرى ۋە قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا بىۋاسىتە ئاجرىتىپ بېرىپ، ئارىلىقتا تۇتۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش؛ مالىيە - يەرلىك نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، خەلق بانكىسى دۆلەت خەزىنىسى باشقۇرۇش، ئىقتىسادىي تەپتىش قاتارلىق ئاپپاراتلار ئۆزلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىنى مەۋقە قىلىپ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش بىرىكمە كۈچى شەكىللەندۈرۈپ، ساختا ھېسابات قىلىش، ساختىپەزلىك قىلىش قاتارلىق قىلمىشلارغا قارىتا بىرنى بايقىسا بىرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش، توك باھاسىنى باسقۇچلۇق تۆۋەنلىتىش، قەرز پۇلنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمنى قايتۇرۇش مۇددىتىنى ئۇزارتىش، پۇقرالار ئاۋىياتسىيەسى تەرەققىيات فوندى ۋە پورت قۇرۇلۇش ھەققىنى كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش مۇددىتىنى ئۇزارتىش قاتارلىق تۈرلۈك سىياسەتلەرنىمۇ ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كەم - كۈتىسىز قىلىش كېرەك. بازار سۇبيېكتى ۋە قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا ئومۇميۈزلۈك نەپ يەتكۈزۈش، سىياسەتنىڭ ھەقىقىي ئالتۇن - كۈمۈشتىن ئادىل بەھرىمەن قىلىش كېرەك. ئىككىنچى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى تېخىمۇ زور سالماقتا ئالغا سىلجىتىش كېرەك. مەيلى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بولسۇن ياكى تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش بولسۇن، ھەممىسىدە ئىسلاھات جەھەتتە ئامال تېپىپ، چىقىش يولى تېپىپ، نامۇۋاپىق رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىجادچانلىقىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە قويۇپ بېرىش كېرەك. «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بازارلاشقان، قانۇنچىللاشقان، خەلقئارالاشقان تىجارەت - سودا مۇھىتى بەرپا قىلىش، ئادىل رىقابەتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ھۆكۈمەت خىزمىتىدە مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش داۋامىدا كارخانىلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇلازىمەت قىلىشتەك ياخشى ئۇسۇلنى كېڭەيتىپ، ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشكە ئېھتىياجلىق بولمىغان باشقۇرۇش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك. تېخىمۇ زور سالماقتا ئۆز ئالدىغا ئېچىۋېتىپ، چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىدىغان مۇنبەت تۇپراق، دۇنياغا يۈزلەنگەن چوڭ بازار يېتىلدۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ، شەكلىۋازلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، سۆلەتۋازلىق قىلماسلىق كېرەك. گوۋۇيۈەننىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»تىكى ۋەزىپە تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل كىشى، ۋاقىت جەدۋىلىنى بېكىتىپ، يەتمەكچى بولغان باسقۇچلۇق ۋە ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشى ھەم كۈندىلىك ئىز قوغلاپ بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ۋەزىپە باشلامچى تارماقلىرى ۋە ھەمكارلىشىپ بېجىرىدىغان تارماقلار مەۋقەنى چوڭ ۋەزىيەتكە قويۇپ، ھەمكارلىشىپ، ماسلىشىپ، باشقىلارغا ئىتتىرىدىغان، قۇرۇق تالاش - تارتىش قىلىدىغان ئىشنى قىلماسلىقى كېرەك. گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى قەرەللىك ھېساب سېلىشتۇرۇپ بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، سۈرئىتى ئاستا، ئىش بېجىرىشتە ئەپلەپ - سەپلەپ ئىش قىلىدىغان، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولمىغانلىرىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈپ، قىلىدىغانىنى قىلمىغانلار، قالايمىقان ئىش قىلغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى، مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي سۈرۈشتۈرۈپ، خەلقنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە خەلقنى نەپكە ئېرىشتۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ مۇرەككەپلىكى، كەسكىنلىكىنى تولۇق مۆلچەرلەپ، يەر شارىدىكى يۇقۇم ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيەتتىكى يېڭى ئۆزگىرىشنى يېقىندىن ئىز قوغلاپ، سىياسەتنى يولغا قويۇش داۋامىدا يولۇققان مەسىلىلەرنى چۈشىنىش ۋە ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسەتنى ۋاقتىدا مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سىياسەت زاپىسىنى ياخشى ئىشلەپ، ئېھتىياجغا قاراپ زۆرۈر يېڭى تەدبىرلەرنى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىقتىساد ئاساسىي ھالىتىنى مۇقىم قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش كېرەك.

---

(بېشى 5 - بەتتە)

مەركەزنىڭ تەڭشەش نىسبىتىنى ئاشۇرىمىز. مەملىكەت بويىچە 300 مىليونغا يېقىن ئادەم كۆتۈرۈش پۇلى ئالدى، بۇنى چوقۇم ۋاقتىدا، تولۇق تارقىتىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەربىيدىن چېكىنگەنلەرگە نەپىقە بېرىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرىمىز. خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغانلارغا نەپىقە بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز. ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنىڭ كاپالەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، سۇغۇرتىغا قاتناشقىنىغا بىر يىل توشمىغان دېھقان ئىشلەمچىلەر قاتارلىق ئىشسىزلارنىڭ ھەممىسىنى دائىم تۇرۇشلۇق ئورنىدا كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزىمىز. ئىجتىمائىي پاناھلاندۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز. تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، شەھەر - يېزىلاردىكى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەردىن كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈشكە تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزىمىز، شەھەر - بازارلاردىكى ئىشسىزلار ۋە يۇرتىغا قايتقانلاردىن شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرىنى ۋاقتىدا تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىمىز. ئاپەت، كېسەللىك ۋە مېيىپلىك سەۋەبىدىن ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقتا قالغانلارنى قۇتقۇزىمىز. قىيىنچىلىقتا قالغان بارلىق ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىمۇ ئىشسىز قالغان تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا، دادىل ئىگىلىك تىكلىشىگە ياردەم بېرىمىز.

ئاممىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىمىز. سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن، ئاخبارات - نەشرىياتچىلىق، رادىيو - كىنو - تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئىشلارنى راۋاجلاندۇرىمىز. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشنى كۈچەيتىمىز. ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە قىشلىق مېيىپلەر ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق كۆرىمىز، ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە ئومۇمىي خەلق كىتاب ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنى ھاياتىي كۈچكە تولغان، ئالغا باسىدىغان، ياخشىلىققا ئىنتىلىدىغان بولۇشقا يېتەكلەيمىز.

جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىمىز ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىمىز. مەھەللە باشقۇرۇش ۋە مەھەللە مۇلازىمەت مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرىمىز. يېزا - كەنتلەرنى ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىمىز. ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى، پىدائىيلار مۇلازىمىتى، خەيرىيەت ئىشلىرى قاتارلىقلارنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى قوللايمىز. ئاياللار، باللار، ياشانغانلار ۋە مېيىپلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرىمىز. ئەرزىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن ياردىمىنى كۈچەيتىپ، ئاممىنىڭ ئورۇنلۇق تەلىپىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىمىز، زىددىيەت ۋە ماجىرالارنى مۇۋاپىق ھەل قىلىمىز. 7 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرىمىز. دۆلەت خەۋپسىزلىكى جەھەتتىكى ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىمىز. جەمئىيەت ئامانلىقى مۇداپىئە كونترول سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈرلۈك جىنايەتلەرگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئەمىن جۇڭگو قۇرىمىز.

بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتىمىز. كەلكۈن - ھۆلچىلىك ئاپىتى، ئوت ئاپىتى، يەر تەۋرەش ئاپىتى قاتارلىق ئاپەتلەردىن مۇداپىئەلىنىشنى كۈچەيتىپ، مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، جىددىي ۋەقەلەرنى باشقۇرۇش، خەتەرنى تۈگىتىش - قۇتقۇزۇش ۋە ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنى يېنىكلىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىمىز. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى مەخسۇس تۈزەشنى يولغا قويىمىز. ئېغىر، پەۋقۇلئاددە زور ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى قەتئىي توسىمىز.

ۋەكىللەر!

مۇشكۈل، ئېغىر ۋەزىپە ئالدىدا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە ۋە ھەرىكەت جەھەتتە ئاڭلىق ھالدا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، خەلقنى مەركەز قىلغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارىتىنى قانۇن بويىچە قوبۇل قىلىشى، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دېموكراتىك نازارەتچىلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى، جەمئىيەت نازارەتچىلىكى ۋە ئاممىۋى پىكىر نازارەتچىلىكىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىشى لازىم. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش لازىم. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ھۆكۈمەت خادىملىرى قانۇننىڭ، رېۋىزىيەنىڭ ۋە خەلقنىڭ نازارەتچىلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى كېرەك. پاك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چىرىكلىكنى قەتئىي جازالاش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىپ، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، مەۋقەنى ئۆزدنىڭ ئىشنى تىرىشىپ ياخشى قىلىشقا قويۇشى كېرەك. «تۆت خاھىش»نى زور كۈچ بىلەن تۈزەپ، شەكىلۋازلىقتىن، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى ئىشلەش، ئىگىلىك تىكلەش داۋامىدا پۇت - قولىنى چۈشەپ تۇرۇۋاتقان شەكىلۋازلىقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالىدىغانلارنى مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىدىغانلارنى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. خەلق ئاممىسىغا يېقىندىن تايىنىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىجادكارلىق روھىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى تېخىمۇ زور سالماق بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، يۈز مىليونلىغان ئاممىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى مۇجەسسەملەش لازىم، بۇ — بىزنىڭ بارلىق قىيىنچىلىق ۋە خىرىسلارنى يېڭىشتىكى ئاساسىمىز. كەڭ كادىرلار قىيىنچىلىقتىن باش تارتماي، ئەمەلىي ئىشلەشنى مۇھىم بىلىپ، قەلب ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ تەرەققىياتنى چىڭ تۇتۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بىز باشتىن - ئاخىر خەلق ئاممىسى بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغانلا بولساق، جۇڭگو خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇش ئارزۇسىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز.

بۇ يىل 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلاننى ياخشى تۈزۈپ چىقىپ، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش ئۈچۈن پىلان تۈزۈپ چىقىشىمىز كېرەك.

ۋەكىللەر!

بىز مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە مەدەت بېرىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملىشىمىز كېرەك. پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى توغرىسىدىكى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. چەت ئەلدىكى چياۋمىن قېرىنداشلارنى ۋەتەن يادىدىن چىقارمايدۇ، ئۇلار دۇنيانى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم كۆۋرۈك، چياۋمىن قېرىنداشلار، چياۋمىنلار ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ ئۆزگىچە ئەۋزەللىكىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە قەلبداشلىق كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، بىرلىكتە شانلىق نەتىجە يارىتىشىمىز لازىم.

ئۆتكەن يىلدىن بۇيان، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىدا مۇھىم ئىلگىرىلەش بولدى، خەلق ئارمىيەسى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتە پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇش، بۇيرۇق بىلەن تەڭ ھەرىكەتكە كېلىش، ئېغىر يۈكنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىشتەك ئېسىل ئىستىلنى نامايان قىلدى. شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېننى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئارمىيەنى سىياسىي ئارقىلىق قۇرۇش، ئىسلاھات ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ خەلق ئارمىيەسىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەربىي كومىتېت رەئىسى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ھەربىي مەشىقنى ۋە ئۇرۇش تەييارلىقىنى راسا كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغداش كېرەك. ئارمىيە قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىنىڭ 13 - بەش يىللىق يىرىك پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك. دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئارقا سەپ ۋە قورال - جابدۇق كاپالىتى ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەت مۇداپىئە پەن - تېخنىكىسىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئاساسىدىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. دۆلەت مۇداپىئەسى سەپەرۋەرلىك سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى باشتىن - ئاخىر ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەملەش كېرەك.

بىز «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش»، «شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش»، «ئاۋمېننى ئاۋمېنلىقلار ئىدارە قىلىش»، يۈكسەك ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇش فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئالاھىدە مەمۇرىي رايوندا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغدايدىغان قانۇن - تۈزۈملەر ۋە ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرىمىز. بىز شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلىشىنى قوللاپ، دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىيىتى بىلەن تېخىمۇ ياخشى يۇغۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئاۋاتلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلايمىز.

بىز تەيۋەن خىزمىتىگە دائىر مۇھىم سىياسەت - فاڭجېنلاردا چىڭ تۇرۇپ، بىر جۇڭگو پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، «92 - يىل ئورتاق تونۇشى» ئاساسىدا ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنىڭ تىنچ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز ۋە ئۇنى قەتئىي توسىمىز. ئىككى قىرغاقنىڭ ئالاقە - ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ئىككى قىرغاقنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ بەخت - سائادىتىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە سىياسەت - تەدبىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەڭ تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، «تەيۋەن مۇستەقىللىقى»گە بىرلىكتە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرىمىز، بىز مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ گۈزەل كېلەچىكىنى جەزمەن يارىتالايمىز.

ئاممىۋى ساغلاملىق كرىزىسى، ئىقتىساد ئېغىر چېكىنىپ كېتىش قاتارلىق دۇنياۋى خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇشتا، ھەرقايسى دۆلەتلەر قول تۇتۇشۇپ ئورتاق ئىلگىرىلىشى كېرەك. جۇڭگو ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۇنياۋى تۈزەشنى ئالغا سىلجىتىپ، ب د ت نى يادرو قىلغان خەلقئارا سىستېما ۋە خەلقئارا قانۇننى ئاساس قىلغان خەلقئارا تەرتىپنى قوغداپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. جۇڭگو تىنچ تەرەققىيات يولىدا قەتئىي ئېغىشماي ماڭىدۇ، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش داۋامىدا، ھەرقايسى ئەللەر بىلەن بولغان دوستانە ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، جۇڭگو باشتىن - ئاخىر دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى ۋە تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم كۈچ.

ۋەكىللەر!

جۇڭخۇا مىللىتى ئەزەلدىن جاپا - مۇشەققەت ۋە خەۋپ - خەتەردىن قورققان ئەمەس، زامانىمىزدىكى جۇڭگو خەلقى ھەرقانداق خىرىسنى يېڭەلەيدىغان مۇستەھكەم ئىرادە ۋە ئىقتىدارغا ئىگە. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى تىزگىنلەشنى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى بىرتۇتاش ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن يىللىق نىشان - ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئورۇنداپ، دۆلەتىمىزنى باي، دېموكراتىك، مەدەنىي، ئىناق، گۈزەل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۆرەش قىلايلى!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

**(تەرجىمىسى 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى كاتىبات باشقارمىسى تەمىنلىگەن)**